## 106495 ـ رامىزاندا چىشنى داۋالىتىش ياكى تازىلىتىش ئۈچۈن مەس قىلغۇچى ئوكۇل ئۇردۇرۇشنىڭ ھۆكمى

### سوئال

رامىزاندا روزىدار كىشىنىڭ چىشى ئاغرىپ، دوختۇرغا بېرىپ، چىشىنى داۋالاتسا ياكى تازىلاتسا ياكى تارتقۇزىۋەتسە، بۇ جەرياندا دوختۇر چىشقا مەس قىلغۇچى ئوكۇل ئۇرسا بۇنىڭ روزىغا تەسىرى بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

سوئالدا بايان قىلىنغان يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ روزىغا ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ. بەلكى بۇنداق ئىشلار ئەپۇ قىلىنغۇچى، روزىغا تەسىرى بولمايدىغان ئىشلاردۇر. چىشى ئاغرىغان كىشى بۇ جەرياندا گىلىدىن دورا ياكى قان ۋەياكى سۈيۈقلۇق قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك. شۇنىڭدەك چىشنى مەس قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇلغان ئوكۇلنىڭمۇ روزىغا تەسىرى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئوكۇل يېمەك-ئىچمەكنىڭ قاتارىدىن ئەمەس. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا تۇتۇلغان روزا ساغلام روزىدۇر. [شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھنىڭ "تۈرلۈك ماقالە ۋە پەتىۋالار توپلىمى" ناملىق ئەسىرى 15-توم 259-بەت].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.